IslamHouse.com

# روزا تۇتقۇچى كانىيىدا قاننىڭ تەمىنى ھېس قىلغانلىقى توغرىسىدا

إذا أحس الصائم بطعم الدم في حلقه

< ئۇيغۇرچە >

ئىسلام سوئال جاۋاپ تورى ئىلمى خىزمەت گۇرۇپپىسى

القسم العلمي بموقع الإسلام سؤال وجواب

**تەرجىمە قىلغۇچى:** سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** نىزامىددىن تەمكىنى

**ترجمة:** سيف الدين أبو عبد العزيز

**مراجعة:** نظام الدين تمكيني

## 95565- نۇمۇرلۇق سوئال

سوئال:

كىكىردەكتە قاننىڭ تەمىنى ھېس قىلغان ۋاقىتىمىزدا، رامىزاندا ئۇنىڭدىن ئازراقىنى تۈكۈرۈۋەتسەك، بىزگە شۇ كۈننىڭ روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىش كېرەك بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

روزا تۇتقۇچى كانىيىدا قاننىڭ تەمىنى ھېس قىلغان ۋاقىتتا گەرچە ئۇنى يۇتىۋەتكەندىمۇ ھېچ نەرسە بولمايدۇ، لېكىن ئېغىزىغا كېلىپ قالغاندا ئاندىن ئۇنى يۇتۇۋەتسە، ئۇ ۋاقىتتا روزىسى بۇزۇلىدۇ.

ئىنساننىڭ كىكىرتىكىگە كېلىۋالغان بەلغەم، خەپرۇك قاتارلىقلارغىمۇ مۇشۇ ھۆكۈمنىڭ ئوخشىشى بېرىلىدۇ.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "بەلغەم، خەپرۇك مەسىلىسىگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىمەن: بەزى روزا تۇتقۇچىلار ئۆزىنى چارچىتىپ كىركىرتىكىنىڭ ئىچىدە بەلغەم ياكى خەپرۇكتەك بىر نەرسىنى تاپسا، ئۇنى چېقىرۋىتىش ئۈچۈن دەرھال ھەرىكەت قىلىدۇ، بۇنداق قىلىش توغرا بولمايدۇ، چۈنكى بەلغەم ۋە خەپرۇك دېگەننى يۇتۇۋەتسە ئەسلىدە روزا بۇزۇلمايدۇ، ئەمما ئېغىزىغا كېلىپ قالغىنىنى يۇتۇۋەتكەن بولسا ئۇ ۋاقىتتا بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا روزىسى بۇزۇلىدۇ، بەزى ئۆلىمالار يەنىلا روزىسى بۇزۇلمايدۇ دەپ قارايدۇ.

ئەمما كىكىرتىكىدە بولۇپ كېلىدىن ئۆتۈپ كەتسە، ئۇ كىشىنى بۇنى سىزىپ تۇرسىمۇ، ئۇ كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ، ئىنساننىڭ كىكىرتىكىگە چاپلىشىپ قالغان بەلغەم قاتارلىق نەرسىلەرنى چىقىرىشقا ئۇرۇنۇپ ئۆزىنى چارچىتىشى توغرا بولمايدۇ". [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ پەتىۋالىرى 19-توم 356-بەت].

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.

IslamHouse.com